# 125994 ـ ئىبادەت مۇھەببەت ۋە ئۇلۇغلاش بولۇپ، ھەرگىزمۇ قىيىنچىلىق، جاپا ـ مۇشەققەت ئەمەس

## سوئال

ئەرلەر ئۈچۈن ئىبادەت جەريانىدا ئاياللارغا ئوخشاش مەلۇم ۋاقىت ئارام ئالىدىغان ۋاقتىنىڭ بولماسلىقىدىكى ھېكمەت نېمە؟ بىز روزا تۇتىمىز، ناماز ئوقۇيمىز، ئاياللار ئادەت كۆرۈپ قالغاندا ۋە نىپاسدار بولۇپ قالغاندا روزا تۇتمايدۇ ۋە ناماز ئوقۇمايدۇ؟.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئىبادەت، مۇسۇلمان ئۇنىڭدىن راھەتلىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان جاپا ـ مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىق ئەمەس، بەلكى ئۇئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ تائالاغا بولغان سەمىمى رىغبەتئىبادەتكە يېتەكلەيدۇ، ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىشتىياق ئىبادەتكە قوزغايدۇ، مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ئىگىسىگە يۈزلىنىپ، تۆۋەنچىلىك بىلەننىدا قىلىدۇ ۋە ئىلتىجا قىلىدۇ، رەھمىتىنى ئۈمىت قىلىدۇ، پەزلى، سېخىلىقى ۋە يېقىنلىقىنى سورايدۇ، مۇشۇنداق ھالەتتىكى مۇسۇلمان ھەرگىزمۇ ھەرگىزمۇ ئىبادەتتىن قول ئۈزۈش ۋە ئارام ئېلىشنى تەلەپ قىلمايدۇ، بەلكى ئىبادەت مەۋسۇملىرىنى يەنىمۇ كۆپ قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش بولىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ئەي بىلال! بىزنى ناماز بىلەن راھەتلەندۈرگىن، دەيتتى.[ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ھەقىقەتەن بەندىچىلىكنىڭ مۇكەممەل بولىشى قەلبتىكى ياخشى كۆرۈشنىڭ مۇكەممەل بولىشىغا مۇناسىۋەتلىك، قەلبىدىكى ياخشى كۆرۈشنىڭ مۇكەممەل بولىشى قەلبىدە ياخشى كۆرۈلگۈچىنىڭ مۇكەممەل بولىشىغا مۇناسىۋەتلىك، تائالا ھېچقانداق كەمچىللىك ۋە ئەيىب نۇقسانىسىز، ھەممە تەرەپتىن تولۇق، مۇكەممەل، مۇتلەق كامالەت ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، ساغلام تەبىئەتكە ئىگە قەلبگە ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈشتىن باشقا نەرسە سىغمايدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن بۇ ياخشى كۆرۈش؛ ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىش، تائەت ـ ئىبادەت قىلىش، رازىلىقىغا ئېرىشىش، پۈتۈن ئېرىشچانلىقىنى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا سەرپ قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ تەرىپىگە قايتىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. شۇنداقلا ئۇ بەندىچىلىك قىلىشنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ۋە مۇكەممەل تۈرتكىسىدۇر، ھەتتا ئىبادەتلەر بۇيرۇق ـ چەكلىمىسىز، جازا ـ مۇكاپاتسىز بىكىتىلسىمۇ ئۇ كىشى ھەقىقى ئىبادەت قىلىنغۇچى زات ئۈچۈن قەلبىنى ساپ ۋە خالىس قىلىدۇ. سەلەپ ئالىملىرى مۇنداق دەيدۇ: "مېنى ئىبادەتكە باشقىلارنىڭ سۆزى ئەمەس بەلكى قەلبىمدىكى ئاللاھقا بولغان

مۇھەببەت يېتەكلەيدۇ".

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇسۇھەيب توغرىسىدا مۇنداق دىگەن: "سۇھەيب ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلمىدى، ئۇنى ئىبادەتكە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇش ئەمەس بەلكى ئاللاھ تائالاغا بولغان مۇھەببەت ۋە ياخشى كۆرۈشىيېتەكلىدى".

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇپ پۇتىنىڭ تاپانلىرى ئىششىپ كەتكەندە، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھ تائالا سىلىنىڭ ئىلگىرى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلغان تۇرسا نىمە ئۈچۈن بۇنداق جاپا تارتىلا؟ دېيىلگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئېيتىدىغان بەندە بولمايمەنمۇ؟، دىگەن. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىنىدۇ، مەدھىيە ئېيتىلىدۇ، ياخشى كۆرىلىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا ھەقلىق ۋە لايىقتۇر، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن ھەقلىق بولغان ئىشقا ئۇلارنىڭ تاقىتى، ئىرادىسى ۋە ئەقلى تەسەۋۋۇرى يەتمەيدۇ. ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن ھېچ بىر كىشى ئاللاھ تائالاغا ھەقىقى رەۋىشتە ئىبادەت قىلالمايدۇ، ئاللاھ تائالانى مەدھىيلەر ۋە ياخشى كۆرۈشتىن بولغان ھەقنى تولۇق ئادا قىلالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىدىن ئەڭ ئەۋزەل، مۇكەممەل، ئاللاھ تائالانى ھەممىدىن بەك تونۇغۇچى، ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرگۈچى ۋە ھەممىدىن بەك ئىتائەت قىلغۇچى بولغان زاتمۇ ئۆزىنىڭ دۇئاسىدا ئى ئاللاھ! سېنى لايىغىڭدا ماختاپ-مەدھىيىلىيەلمىدىم دەيدۇ. [مۇسلىم رىۋايىتى].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىنسانىنىڭ قىلغان ئەمىلىنىڭلا ئۇنى قۇتقۇزالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ: سىلەرنىڭ ھېچ بىرىڭلارنى قىلغان ئەملى قۇتقۇزالمايدۇ دىگەندە، ساھابىلار: سىلىنىمۇ شۇنداقمۇ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى؟ دىگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: مىنىمۇ شۇنداق، لىكىن مىنى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ پەزلى-رەھمىتى بىلەن ئورايدۇ،دىگەن. [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئاسماندا يارىتىلغان نەرسىلەرنىڭ ساندا، زىمىندا يارىتىلغان نەرسىلەرنىڭ ساندا، ئاسمان-زىمىننىڭ ئارىسىدا يارىتىلغان نەرسىنىڭ ساندا ۋە ئاللاھ تائالا ياراتقان نەرسىلەرنىڭ ساندا دۇرۇت-سالاملار بولسۇن.

مەشھۇر بولغان سەھىھ ھەدىستە: پەرىشتىلەردىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ياراتقاندىن بىرى باش كۆتۈرمەي سەجدە قىلىۋاتقانلىرى بار، ئۇلاردىن ئاللاھ ياراتقاندىن بىرى رۇكۇ قىلىپ قىيامەتكىچە رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرىۋاتقانلار بار، ئۇلار قىيامەت كۈنى: ئى ئاللاھ! ئۆزلىرىنى بارلىق ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاك ياد قىلىمەن، سىلىگە ھەقىقى رەۋىشتە ئىبادەت قىلالمىدۇق دەيدۇ.
["مىپتاھ دارۇس سائادە" ناملىق ئەسەر 2 ـتوم 88-90- بەت].

بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن 49016 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.